3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# مىليون يۈەنلىك نەتىجە قەغىزىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت تۇيغۇسى




**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار گۇۋەن چياۋچياۋ، جاۋ گې)** يېڭى يىل ئەمدىلا كىرىشى بىلەن، ئەندىلىك چاشقان تۇتۇش يېلىمى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ لوبىنى ئوبۇلقاسىم ھېيت «سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان» «نەتىجە قەغىزى»نى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. 50كە يېقىنلىشىپ قالغان ئۇ ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «مەن راستىنلا قىلالايدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن».

ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ئوبۇلقاسىم يەنىلا بوشىشىپ قالماي بىرقانچە چوڭ ئىشنى مۇددەتتىن بۇرۇن بېجىردى: 100 مىڭ دانە قاتتىق قەغەز تاختا، ئىككى توننا مەخسۇس يېلىم ۋە 2000 دانە ئوراش ساندۇقى زاكاز قىلدى. «مال يەتكۈزۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن يەنە بىر يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋالدىم.» ئۇ مۇنداق دېدى: تىجارىتىم بارغانسېرى روناق تېپىۋاتىدۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى زاكازلار كېلىپ، مەھسۇلات ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا جايلاشقان قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئاقساراي يېزىسى ئۆزۈنئېرىق كەنتى 2020 ـ يىلى قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئوبۇلقاسىمنىڭ قارىشىچە، «قەددى ئاخىرى رۇسلاندى»، ئۇ ۋە كەنت ئاھالىلىرىدە ئۈمىد تۇغۇلدى.

«ئىلگىرى كەنتىمىز نامرات، يۇرتداشلار تېخىمۇ نامرات ئىدى، دائىم باشقىلار بىزنى ‹گاداي› دەپ مەسخىرە قىلاتتى.» ئوبۇلقاسىم ئىشەنچكە تولغان ھالدا «ھازىر ئۇنداق ئەمەس» دېدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا، ئوبۇلقاسىم چاشقان تۇتۇش تاختىسىنى توپ سېتىشقا تايىنىپ ئاران جان باقاتتى، كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار ئۇنىڭغا «كىچىك توپ تارقىتىش»نى «چوڭ زاۋۇت» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئۇ دەماللىققا «چۆچۈپ كەتتى». «مەن بىر دېھقان تۇرسام، قىلالارمەنمۇ؟»

ئوبۇلقاسىمنىڭ باشلامچى بولۇپ زاۋۇت قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى ئورازئەلى قەشقەرباي ئۇنى ئېلىپ «يىراق سەپەر»گە چىقىپ، فۇجيەن، شەندوڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تېخنىكا ئۆگەتتى، ئۈسكۈنە ۋە خام ماتېرىيال تەشكىللىدى.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلارنىڭ ياردىمى، ئىلھام بېرىشى بىلەن، ئوبۇلقاسىمنىڭ چاشقان تۇتۇش يېلىمى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. بىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئارقىلىق 12 خىل ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدىكى، ئوخشاش بولمىغان يۈرۈشلۈك چاشقان تۇتۇش تاختىسى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى چاشقان تۇتۇش يېلىمى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى بولۇپ قالدى.

«زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان، كۈنىگە 5000 چاشقان تۇتۇش تاختىسى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدۇق.» ئوبۇلقاسىم مۇنداق دېدى: بىر ئايلىق مەھسۇلات مىقدارى 3000 يەشىككە يېتىدۇ، مەھسۇلاتلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا بازار تاپتى.

زاۋۇت كەنتتىكى مېيىپلەر ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، يەنە بىر قىسىم ياشلار سىرتتا بازار ئېچىش ئۈچۈن چېپىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، زاۋۇتتا 11 ئىشچى بار، پىششىقلاش، سېتىشتىن مال يەتكۈزۈشكىچە بولغان ئىش تەقسىماتى ئېنىقكە بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئېيىغا 3500 يۈەنگە يەتتى.

«سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان زاۋۇت قۇرالايدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.» ئوبۇلقاسىم قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ، بۇ مېنى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى، دېدى.

نۇرغۇن بازار تەجرىبىسىنى توپلىغاندىن كېيىن، ئوبۇلقاسىم بارغانسېرى ئىشەنچكە تولدى. ئوبۇلقاسىم مۇنداق دېدى: بۇ يىل بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلات تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىمەن، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، تىرىشىپ پۈتۈن شىنجاڭدا سېتىشنى قولغا كەلتۈرىمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەم ھەدىيە قوبۇل قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىگە ھەدىيە ۋەسىقىسى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن ئىئانە ـ ھەدىيە مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، نامرات رايونلار، چېگرادىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا نۇقتىلىق يۈزلەنگەن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە پائال قاتنىشىپ، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىغا كۈچەپ تۈرتكە بولدى. بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ۋە بىڭتۇەنگە ئىئانە ـ ھەدىيە قىلىنغان پۇل، بۇيۇملار ئاساسلىقى كەنت دەرىجىلىك يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پونكىتى قۇرۇلۇشىنى قوللاش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى رايونلار بىلەن كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك پىكىر ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى ئىئانە ـ ھەدىيە پائالىيىتىدە، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى كىتابخۇمار جۇڭگو مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى، چىنرېن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق فوندى، جۇڭگو غەربىي قىسىم تەرەققىيات فوندى، جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش فوندى ۋە ئالاقىدار مېھىر ـ شەپقەت كارخانىلىرى شىنجاڭغا 100 رەقەملىك كۇتۇپخانا، 1000 ماماۇق چاپان، 500 تاختا كومپيۇتېر، 2 مىليون ماسكا، 5 مىليون يۈەن نەق پۇل ئىئانە ـ ھەدىيە قىلغان.

جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى چىنرېن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق فوندىنىڭ باش ۋەكىلى، شيۇجېڭ ساغلاملىق گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش لىدېرى گو خۇڭدوڭ، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش فوندىنىڭ باش ۋەكىلى، جۇڭچۇاڭ خېڭشىن (بېيجىڭ) مەبلەغ سېلىش باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ليۇ مياۋ ئىئانە ـ ھەدىيە مۇراسىمدا سۆز قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو بەرگەن سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى(لايىھە)نى تەييارلاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھات، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات(لايىھە)نى تەييارلاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىزاھات، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» (لايىھە)گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئىزاھاتنى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ «بىرىكمە مۇشت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى مەسئۇلىنىڭ 2020 ـ يىللىق خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما شيۇڭچېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يوڭ، ئىلھام سابىر، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

ھەرقايسى ئوبلاست، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىرى، رەئىسلىرى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىرى، مۇدىرلىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر سىياسىي كېڭەشلىرىنىڭ رەئىسلىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# شىنجاڭدىن يەنە 16 جاي پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات» بولۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كەنت ـ بازار بولۇپ تاللاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەملىكەت بويىچە «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات» بولۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كەنت ـ بازار بولۇپ تاللانغان.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات» بولۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كەنت ـ بازارلارنى باھالاشتا يېتەكچى كەسىپ گەۋدىلىك بولۇشى، كەنتنىڭ يېتەكچى كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، پۈتۈن كەنت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 50%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىشى؛ بازارنىڭ يېتەكچى كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، پۈتۈن بازار ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 30%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىشى تەلەپ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇغۇرۇلۇش يۈزلىنىشى كۆرۈنەرلىك بولۇش، دىققەتنى يېتەكچى كەسىپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىق مۇھىم ئامىللىرىنى توپلاش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، ئىستىراھەت تەسىراتى، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزىلاردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش تەلەپ قىلىنغان.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى يېزا ـ كەنت كەسىپلىرى تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى دىققەتنى داۋاملىق خاس كەسىپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بايلىق مۇھىم ئامىللىرىنى توپلاپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەرەققىيات يېڭى ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، خاسلىقى روشەن، جايلىشىشى مۇۋاپىق، ئىگىلىك تىكلىشى جانلىق، دېھقانلار بىلەن زىچ بىرلەشكەن بىر تۈركۈم «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات» بولۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كەنت ـ بازارلارنى بەرپا قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى پۇختا كەسىپ تىرەككە ئىگە قىلىدۇ.

# شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز پۇل بازىرىدىكى ئۈلۈشى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بانكا كەسپىنىڭ 22%كە يېقىنىنى ئىگىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق قوللاپ، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى، مۇھىم، زور تۈرلىرىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتىشىپ مېڭىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى قاتارلىقلار بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سوممىسى 227 مىليارد يۈەنگە يەتتى؛ شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى، شىنجاڭ دۆلەت مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى قاتارلىق 31 گۇرۇھ بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى، ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 119 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۇلتۇر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى قوللاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان قەرز پۇل قالدۇقى 182 مىليارد 993 مىليون يۈەن بولۇپ، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 51.52%دىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان ئائىلىلىرىگە بەرگەن قەرز پۇل قالدۇقى 81 مىليارد 774 مىليون يۈەن بولۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە قەرز پۇل بېرىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 70%كە يېقىنلاشتى؛ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا بەرگەن قەرز پۇل 207 مىليارد 132 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 100 مىليارد يۈەندىن ئاشقان بىردىنبىر پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بولۇپ قالدى؛ ناھىيە يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى سىستېمىسى بەرگەن قەرز پۇل شۇ جايدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بەرگەن قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 65%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى يەنە پۇل مۇئامىلە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى. 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى جەمئىي 364 مىڭ 900 ئائىلىگە 15 مىليارد 531 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 68.32%ى، 71.19%نى ئىگىلىدى. 205 مىڭ ئائىلىگە 6 مىليارد 596 مىليون يۈەن ساقلانما مىقداردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 70.74%ى، 70.37%نى ئىگىلىدى، جەمئىي تارقاتقان نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلنىڭ سوممىسى، ئېشىش مىقدارى ۋە تۆھپە قوشۇش دەرىجىسى بىردەك پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بانكا كەسىپلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. كەسىپلەر بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش قەرز پۇل قالدۇقى 12 مىليارد 179 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 360 مىڭدىن ئارتۇق نامرات كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تۈرتكە بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى «تۆتنى توختاتماسلىق» «سەككىزنى ئۆزگەرتمەسلىك» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن ئومۇميۈزلۈك قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، 50 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان، قەرز پۇل ئېلىش ئارزۇسى بار ھەم تىجارەت شارائىتى ۋە مۇناسىپ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرگە «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەرز پۇلى»نى يېڭىلىق يارىتىپ يولغا قويۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆپ سوممىلىق مەبلەغ ئېھتىياجىنى قاندۇردى، ھازىرغىچە 104 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سانلىق مەلۇماتلارنى كۆزىتىپ ھەم يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلمىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيە ئىلمى، ماتېرىيال ئىلمى قاتارلىق ساھەلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى يۈ يىگرۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئىلگىرى شىنجاڭ رايونىدىكى دۆلەت دالا ئىلمىي كۆزىتىش تەتقىقات پونكىتلىرى دۆلەت دەرىجىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە يۇرتلىرىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن تەستىقلىناتتى، بۇ قېتىم تۇرپان ئاتموسفېرا مۇھىتىدا ماتېرىيالنىڭ چىرىشىنى دالىدا ئىلمىي كۆزىتىش تەتقىقات پونكىتى ئاپتونوم رايوننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تاللىنىپ تەستىقلاندى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت دالا ئىلمىي كۆزىتىش تەتقىقات پونكىتى قۇرۇلۇشىدىكى نۆل ھالەت بۆسۈپ تاشلاندى.

تۇرپان ئاتموسفېرا مۇھىتىدا ماتېرىيالنىڭ چىرىشىنى دالىدا ئىلمىي كۆزىتىش تەتقىقات پونكىتى تۇرپاندىكى تەبىئىي مۇھىت تەجرىبە تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، تۈرلۈك مەھسۇلات، ماتېرىيال، كاۋچۇك، دېتال ـ ئۈسكۈنە، پۈتۈن ئاپتوموبىل ھەم ئۈششاق زاپچاسلارنى تەبىئىي مۇھىتتا سىناق قىلىش، تەبىئىي مۇھىتتا سۈرئەتنى تېزلىتىپ سىناق قىلىش، چىرىشىنى سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ھازىرلىغان بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ ۋە ئىشلىتىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، يېڭى تىپتىكى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئەمەلىي قوللىنىش، مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم، قېلىپىنى تۈزۈش، تۈزىتىش قاتارلىقلارنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مەركەزنىڭ مۇدىرى گو جۈنيۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە مەركىزىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2000 مو كېلىدۇ، تەجرىبىخانا ۋە 15 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تىنچ ھالەتتىكى تەجرىبە مەيدانى ھەمدە تۈرلۈك ئاپتوموبىل سىناش يوللىرى ۋە ئۈسكۈنە، قۇرۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن يەر شارى بويىچە قۇرغاق ئىسسىق رايوندىكى 2 ـ چوڭ تەجرىبە پونكىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)